ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى كۈرەش قىلغۇچىلار

# چېگرانى ساقلىغان، چېگرانى قوغدىغان «پامىر بۈركۈتى»

## —— قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قونجىراپ چېگرا قوغدىغۇچىسى لاچىن بايئەكە توغرىسىدا

لاچىن بايئەكە قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىنىڭ خالىس چارلاش يول باشلىغۇچىسى. 70 يىلدىن بۇيان، لاچىن بايئەكە ئائىلىسىدىكى بوۋىسىدىن نەۋرىسىگىچە ئۈچ ئەۋلاد پامىر ئېگىزلىكى چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدىكى ھەربىر تاغ جىلغىسى، ھەربىر دەريا ئېقىنىدا ئاياغ ئىزىنى قالدۇرۇپ، ھەربىر چېگرا تېشىنى قوغدىماقتا، ئۇلار ئۈن - تىنسىز، رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن خالىس چارلاشتا چىڭ تۇردى. ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «چېگرا مۇداپىئە قىسمىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر چېگرا لىنىيەسىنى كېچە - كۈندۈز چارلاپ، ۋەتەننىڭ چېگرا ئۆتكىلىنى تىنچ قىلدى، چارۋىچىلار خاتىرجەم ياشىدى، مەن چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئۈچۈن يول باشلاپ، چېگرا ئاھالىسى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىلا قىلدىم».

2004 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ، لاچىن قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە خالىس چارلاش يول باشلىغۇچىسى بولۇپ، چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە شۇ جايدىكى چارۋىچىلار تەرىپىدىن بۇلۇت ئۈستىدە چېگرانى ساقلىغان، چېگرانى قوغدىغان «پامىر بۈركۈتى» دەپ ئاتالدى.

**چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش**

### كۆچ ئۇلاش كالتىكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش

پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى چېگرا ناھىيە، بۇ ناھىيەدىكى قونجىراپتا ئوكسىگېن مىقدارى تۈزلەڭلىكتىكىنىڭ يېرىمىغا يەتمەيدۇ، شامال كۈچى يىل بويى يەتتە بالدىن يۇقىرى بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 40 نەچچە سېلسىيە گرادۇسقا چۈشىدۇ.

1949 - يىلى 12 - ئايدا، قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنى رەسمىي قۇرۇلغان، لاچىننىڭ بوۋىسى قايدابېك چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىگە خالىس يول باشلىغۇچى بولغان. 1972 - يىلى 8 - ئايدا، قايدابېك يېشى چوڭىيىپ ماڭالماي قېلىپ، خالىس يول باشلىغۇچىلىق «كۆچ ئۇلاش كالتىكى»نى 20 ياشلىق ئوغلى باياققا تاپشۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدا، باياق يىل بويى چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىدىن كۆتۈرۈلگەن تاغ تىزمىسى، جۇڭگو - پاكىستان چېگراسىدىكى قار - مۇزلۇق چوققىلارغىچە چارلىدى.

2004 - يىلى، باياقنىڭ تېنى ئاجىزلاپ يول باشلاش خىزمىتى بىلەن يەنە شۇغۇللىنالمىدى، لاچىن دادىسى باياقتىن چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش «كۆچ ئۇلاش كالتىكى»نى ئۆتكۈزۈۋالدى.

**چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنىڭ**

### ياخشى يول باشلىغۇچىسى

چارلاش يولىدا، لاچىن ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىپ چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ خەۋپ - خەتەرنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرۇشىغا كۆپ قېتىم ياردەم بەردى. لاچىن تۇنجى قېتىم ئۆز ئالدىغا چارلاش شۆبە ئەترىتىنى باشلاپ ۋۇفۇلاڭ جىلغىسىدىكى چارلاشقا قاتناشتى، چارلاشنىڭ بىرىنچى كۈنى قوشۇن قار - شىۋىرغاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، كېچىدە كۆپچىلىك ئاماللىسىز بىر تاغ جىلغىسىدا توختاپ دەم ئالدى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ توڭلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لاچىن كۆپچىلىكنى دادىسى باياق ئۆگەتكەن ئۇسۇل بويىچە قوتازنىڭ تېنى بىلەن ئىسسىندۇردى. ئۇ 15 قوتازنى بىر يەرگە يىغىپ، قېلىن بىر «تام» شەكىللەندۈردى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر قوتازنىڭ بەدىنىگە چىڭ يۆلىنىپ، ھەم قار - شىۋىرغاندىن دالدىلاندى، ھەم ئىسسىندى، شۇنداق قىلىپ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر كېچىنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزدى.

چارلاشنىڭ ئىككىنچى كۈنى، تاغ گەۋدىسى سىيرىلىپ چۈشكەچكە، ئالدىنقى يىلى لاچىننىڭ دادىسى سېلىپ قويغان بەلگە يوقاپ كەتكەن بولۇپ، قوشۇن ۋاقتىنچە توختاشقا مەجبۇر بولدى. «بۇ يەرنىڭ ھەممىسى تىك داۋان ئىكەن، بىز قانداق ئۆتىمىز؟» دېدى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەسكەر پۇ خېماۋ سەل ئەنسىرەپ. «قانچە مۈشكۈل، قانچە خەتەرلىك بولسىمۇ سىلەرنى باشلاپ ئۆتۈپ كېتىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ!» دېدى لاچىن. تاغدىن ئۇششاق تاش پارچىلىرى توختىماي سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ، لاچىن خەتەرگە قارىماي تىك قىيا، تىك يارغا يامىشىپ يول ئىزدىدى. توساتتىن بىر ئۇششاق تاش پارچىسى لاچىننىڭ پېشانىسىگە تەگدى، شۇئان قان ئېتىلىپ چىقتى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئۇنى قايتىپ كېلىشكە بىرقانچە قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لاچىن مۇنداق دېدى: «بۇ دېگەن ۋەزىپە، مەن چوقۇم ئورۇندايمەن.» ئۇ قاتتىق ئاغرىققا چىداپ ئىككى سائەت يول يۈرۈپ، ئاخىر بىخەتەررەك بىر تاغ يولىنى تېپىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزدى.

**رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىغان**

### چېگرا قوغدىغۇچى

چېگرا مۇداپىئە لىيەنىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن لاچىن ئائىلىسىدىكى بوۋىسىدىن نەۋرىسىگىچە ئۈچ ئەۋلاد چېگرا قوغدىغۇچى باشتىن - ئاخىر پامىر ئېگىزلىكىنى چىڭ ساقلىدى، قونجىراپنى چىڭ ساقلىدى. 2003 - يىلى، لاچىن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ مال باقتى، 2004 - يىلى پارتىيەگە كىردى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ خوتۇنى، سەككىز ياشلىق قىزى ھەم ئالتە ياشلىق ئوغلى بىلەن تاغدىكى چارۋىچىلىق رايونىدا تۇرۇۋاتىدۇ. 2004 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر، لاچىننىڭ چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىگە يول باشلىغۇچى بولغىنىغا 15 يىل بولدى.

چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىگە يول باشلىغۇچى بولغاندىن بۇيان، لىيەندىكى ھەر قېتىم چارلاش تەشكىللىگەندە لاچىن ھەمىشە بالدۇر كېلىپ، لىيەندىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە چارلاش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. كۆپ يىللىق چارلاش جەريانىدا، لاچىن ئائىلىسىنىڭ ئون تۇياق قوتىزى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چارلاش يولىدا ھېرىپ ئۆلۈپ قالدى، توققۇز تۇياق قوتىزى يىقىلىپ يارىلانغانلىقتىن ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئازراقمۇ تولۇقلىما ئالمىدى. لاچىن مۇنداق دېدى: «ھازىر ئۆيۈمدە قىسىمغا ئەگىشىپ چارلاشقا قاتنىشىدىغان قوتازدىن پەقەت بىرىلا قالدى، مەن ئۆيۈمدىكى تۆت قوتاز بۇقىسىنى مەشقلەندۈرۈۋاتىمەن، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئائىلەمدىن بەش قوتاز چېگرا چارلاشقا قاتنىشالايدۇ.» مەيلى بوران چىقسۇن، قار ياغسۇن، ھاۋا قانچە سوغۇق بولسۇن، لاچىن ھەمىشە ئۆزىنىڭ قوتازلىرىنى يېتىلەپ چىقىپ مەشقلەندۈرۈپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە تەييارلىدى. ئۇ يەنە دادىسىدىن چارلاش يولىدا قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدىغانلىقى، قانداق ساقلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا دائىم تەلىم ئالدى.

دەل مۇشۇنداق «ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش» بولغان ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋەتەننىڭ غەربىي چېگراسىدا يىمىرىلمەس پولات توسۇق بەرپا قىلدى!

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جاڭ دېشەن: ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي ئۈركۈگەن ئاتنى توسۇۋېلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن، 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر ۋاڭ جۈنباۋ) خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئىشلىگەن بىر قىسقا سىن فىلىمدىكى ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ دېشەننىڭ ھېكايىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. 1954 - يىلى، ئۇ قاتناش تەرتىپىنى قوغداۋاتقاندا، ئۈركۈگەن ئاتنى باتۇرلۇق بىلەن توسۇۋېلىپ، ئات ھارۋىسى بېسىۋېلىپ يارىلىنىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 21 ياشتا ئىدى.

جاڭ دېشەن، ئەر، 1933 - يىلى تۇغۇلغان، ئەسلى يۇرتى سۇڭجياڭ ئۆلكىسى ئاچېڭ ناھىيەسىنىڭ شىنفاڭ كەنتىدىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى، يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە، كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، 1953 - يىلى 8 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى نەنگاڭ شۆبە ئەترىتىنىڭ سىرتتا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خەلق ساقچىسى بولغان.

1954 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جاڭ دېشەن خاربىن شەھىرىدىكى شىداچياۋ كۆۋرۈكىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلغان. سائەت 15 ئەتراپىدا، ئۇ بىر رېزىنكە چاقلىق ئات ھارۋىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقىنى، ھارۋىدا يۈك بولۇپ، ھارۋىكەشنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغان. ھەش - پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ بىر تەرەپتىن تېز قەدەم بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپتىكى ئاممىغا: «ئات ئۈركۈپ كېتىپتۇ! ئۆزۈڭلارنى تېز چەتكە ئېلىڭلار!» دەپ توۋلىغان.

ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان ئۈركۈگەن ئات ئالدىدا، ئۇ تېزلىكتە يېنىدىكى بىر ھارۋىكەشنىڭ قولىدىن قامچىنى ئېلىپ، ئۈركۈگەن ئاتنى راسا قامچىلىغان، ئۈركۈگەن ئات توختىمايلا قالماي، ئەكسىچە كىشنىگىنىچە كىشىلەر توپىغا قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن.

خەتەرلىك جىددىي پەيتتە، جاڭ دېشەن كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىككى قولى بىلەن چۇلۋۇرنى تارتىپ ئۈركۈگەن ئاتنى كونترول قىلماقچى بولغان، ئويلىمىغان يەردىن ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئۈركۈگەن ئات سوقۇپ يىقىتىۋېتىپ چېكىسىنى تېپىپ يېرىۋەتكەن، ھارۋا چاقى ئۇنىڭ بويۇن قىسمىنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەن.

ئاخىردا، يەنە بىر ھارۋىكەشنىڭ ياردىمىدە ئۈركۈگەن ئات بويسۇندۇرۇلغان.

ئۇنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئامما تارقىلىپ كېتىپ، تالاپەت كۆرۈلمىگەن. لېكىن ئامما ياردەم بېرىش - قۇتقۇزۇشقا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى يولنى قىپقىزىل بويىغان، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش يولىدا ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغان.

خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جاڭ دېشەن ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ھەم «يولداش جاڭ دېشەندىن ئۆگىنىش» قارارى چىقارغان. 1954 - يىلى 10 - ئايدا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خاربىن شەھەرلىك كومىتېتى جاڭ دېشەنگە «نەمۇنىچى ياشلار ئىتتىپاق ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن، خاربىن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى جاڭ دېشەننى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان.

خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە، نەچچە يۈز خەلق ساقچىسى قۇربان بولغان بولۇپ، ئۇلار ھاياتى بەدىلىگە جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى قوغدىغان. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە، خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قەھرىمانلار - قۇربانلارنى ياد ئېتىدىغان قەبرە يوقلاش - سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى، ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ھەر خىل ياد ئېتىش، قەبرە يوقلاش - سۈپۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسى ھەمدە ئىنقىلابىي ئەنئەنىسى كېيىنكىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى ۋە تولۇپ تاشقان خىزمەت قىزغىنلىقى بىلەن جىنايەتكە زەربە بېرىش ۋە ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئورتاق نىشانىغا ئايلاندى.

# دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كەشپىيات تالانت ئىگىسىنىڭ بەختلىك ھاياتى

## —— ساۋەن ناھىيەسى قورقىس بازىرىدىكى دېھقان خەن بو توغرىسىدا

ئامېرىكا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتىدىن «قوشۇر تېپىش»قا پېتىنىش؛ ئۆزى كەشىپ قىلىپ ئىشلەپچىقارغان دېھقانچىلىق ماشىنىسىنى ئامېرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇتەخەسسىسىنى «ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆگىنىش»كە جەلپ قىلىش؛ ئىگىلىك تىكلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇماي، كۆپچىلىكنى باشلاپ بىرلىكتە بېيىش يولىغا مېڭىش. ئۇ دەل خەن بو، ساۋەن ناھىيەسى قورقىس بازىرىدىكى بىر يەرلىك دېھقان.

**كەشپىيات پاتېنتىغا ئىگە**

### دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تالانت ئىگىسى

1974 - يىلى تۇغۇلغان خەن بو تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن رېمونتچى بولغان، ئاپتوموبىل ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغان... 2003 - يىلى، كۆپ يىل سىرتتا تىرىكچىلىك قىلغان ئۇ يۇرتىغا قايتىپ، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. 2008 - يىلى، خەن بو 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ ئامېرىكىنىڭ پاختا تېرىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كەشپىيات تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىش يولى ئېچىلغان. 2014 - يىلى، خەن بو پاختا تېرىش ماشىنىسىدا ئوت مۇداپىئە ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەسىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغان، ئۇ قايتا - قايتا ئىزدىنىپ، پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ بىر يۈرۈش ئوت مۇداپىئە سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان، سىناپ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئەڭ ئاخىر پاختا تېرىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ ئۆلچەملىك سەپلىمە لايىھەسىگە ئايلانغان.

خەن بو مۇنداق دېدى: «مەن ئادەتتە ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىمەن ھەم ماشىنسازلىق، ئېلېكترلەشتۈرۈش تۈردىكى كىتابلارنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنداق قىلىپ ئاستا - ئاستا كەشپىياتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» تەتقىق قىلىپ ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش خەن بو ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىزچىل ھەمراھ بولدى، ئون يىلدىن بۇيان، خەن بو ۋە كوپېراتىپ ئەزالىرى دائىم ئەمەلىي مەشغۇلات ئەھۋالىغا قارىتا يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئاچتى، مەغلۇپ بولسا چۇۋۇپ تاشلاپ قايتىدىن باشلىدى، قانچىلىك ماتېرىيال ئىشلەتكەنلىكىنى ھەتتا ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى.

خەن بو ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەتقىق قىلىپ ئاچقان «ئۆرلەش - چۈشۈش شەكلىدىكى يۆتكىلىشچان پاختا دۆۋىلەش ماشىنىسى» قاتارلىق بەش تۈرلۈك كەشپىيات پاتېنتى ھەممە ئائىلىگە كىردى. كۆپلىگەن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى خەن بونى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ كەشپىيات پاتېنتىنى سېتىۋالماقچى بولدى، ئەمما ئۇ رەت قىلدى. ئۇ، بۇلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشتىكى مەقسىتىم دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا دېھقانلارغا تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەپ ۋە قولايلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، دېدى.

**يۇرتداشلارنى ئۇنتۇمىغان**

### بېيىش باشلامچىسى

«بىر ئادەم بېيىسا بېيىغان ھېسابلانمايدۇ، كۆپچىلىك بېيىسا ئاندىن بېيىغان ھېسابلىنىدۇ»، بۇ خەن بو دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر جۈملە سۆز. 2011 - يىلى، خەن بو پارتىيەگە كىردى، ئۇ ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەتراپىدىكى ماشىنسازلىقتىن خەۋىرى بار كەنت ئاھالىلىرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قوبۇل قىلدى ھەم ئۇلارغا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسى، ھۈنىرىنى ھەقسىز ئۆگىتىپ قويدى. ھازىرغىچە، ھەمكارلىق كوپېراتىپى 80دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 50 - 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىراق - يېقىنغا داڭلىق قابىل ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەن بونىڭ نۇرغۇن يەرلىك «مەستانىسى» بار. 2018 - يىلى، خەن بو قورقىس بازىرىنىڭ سۇڭشىڭگۇڭ كەنتىدە باشلامچى بولۇپ خۇڭجى يەر پاي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، شۇ جايدىكى 240 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنى قوبۇل قىلىپ قاتناشتۇرۇپ، جەمئىي 6000 مودىن ئارتۇق يەرنى پاي قوشۇپ باشقۇردى، شۇ يىلى ھەر مو يەردىن 1000 يۈەندىن ئارتۇق پايدا تەقسىم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەمكارلىق كوپېراتىپى يەنە ناھىيە بويىچە 34 مىڭ مو يەردە ئورتاق پايدا ئېلىش تۈزۈمىدىكى تۇجۇپىلىك يېزا ئىگىلىكىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى، بۇنىڭدىن 481 ئائىلىلىك ئامما نەپكە ئېرىشتى.

خەن بو مۇنداق دېدى: «كوپېراتىپ ئەزالىرىغا پايدا تەقسىملەپ بېرىش ئۈچۈن نەق پۇلنى ئۈستەلگە دۆۋىلەپ، كۆپچىلىك خۇشال ھالدا ئۇ نەچچە ئون مىڭ يۈەن، بۇ نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل ئالغان پەيتتە ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلدىم. كۆپچىلىكنىڭ خۇشال چىرايىنى كۆرگىنىمدە، بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسى يۈرىكىمدىن ئۇرغۇپ چىقتى، كۆپچىلىكنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە بەرگەن مەدىتى مېنىڭ بۇ ئىشلارنى ياخشى قىلىشىمغا تېخىمۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولدى».

**تەرەققىيات پىكىر يولى ئالدىدا ماڭغان**

### باشلامچى

خەن بونىڭ تەرەققىيات پىكىر يولى ئالدىدا ماڭغان، 2016 - يىلى 3 - ئايدا، ئۇ باشلامچى بولۇپ ساۋەن ناھىيەسىدىكى شىنيې، تىيېنيۇ، كاڭۋاڭدىن ئىبارەت ئۈچ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە شۇاڭچۈەن، رۇيشياڭدىن ئىبارەت ئىككى دېھقانچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن بىرلىشىپ بىرلەشمە كوپېراتىپ قۇرۇپ، بىرلىشىپ بازار ئېچىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ چىقىرىپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ قۇۋۋەتلىك تىراكتور، تەك ئېيونلۇق دورا پۈركۈش ماشىنىسى، پاختا تايلاش - تېرىش ماشىنىسى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق دەل جايىدا ئوغۇت تەڭشەش ماشىنىسى ۋە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يول باشلاپ ئاپتوماتىك ھەيدەش سىستېمىسى قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان، ئۇچۇرلاشقان دېھقانچىلىق ماشىنا - جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يول باشلاپ دەل جايىدا مەشغۇلات قىلىشقا تايىنىپ، خەن بونىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشمە كوپېراتىپى 2019 - يىللىق كېۋەز تېرىش خىزمىتىنى ناھايىتى تېزلا تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرلەشمە كوپېراتىپ بارلىق سىيالكا - سايمانلارغا پۈتۈن مۇساپىلىك نازارەت - كونترول سىستېمىسى ئورناتتى، خېرىدارلار ئۆيىدىلا يان تېلېفون ئارقىلىق تېرىقچىلىق پۈتۈن جەريانىنى ھەر ۋاقىت نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ، تېرىقچىلىق سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان بولدى. خەن بو پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ مەشغۇلات سۈپىتىمىز، مەشغۇلات كۆلىمىمىز، مەشغۇلات سۈرئىتىمىز ۋە ئۈنۈمىمىز ئىنتايىن يۇقىرى، مۇھىمى مەشغۇلات سۈپىتىمىز ياخشى، ئارىلىق قېلىش، تەكرارلىنىش، يەر چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئىلگىرى بېشىمىزنى ئاغرىتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق».

زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى مۇھىت ئاسراش، يەر قېتىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا خەن بو ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە ئويلاندى ھەم ئۇنى ھەرىكەتتە كۆرسەتتى. 2018 - يىلى ئۇنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپى پۈتۈن ناھىيەدىكى 500 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى چوڭقۇر بوشىتىش، چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ يەنە سولياۋ يوپۇق قالدۇقىنى يىغىۋېلىش ئۈسكۈنىسىنى ئۆزگەرتىپ، يىغىۋېلىنغان سولياۋ يوپۇق قالدۇقىنى بىۋاستە پىششىقلاپ دانىچىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى زاۋۇتقا ئاپىرىپ تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاق رەڭلىك بۇلغىنىشنى ئۈنۈملۈك ئازايتتى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتقا قارىتا خەن بونىڭ ئىشەنچى تولۇپ تاشقان. ئۇ ئۇرۇق تاللاش، تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىدىن يىغىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەشكىچە بولغان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئايلانما زەنجىرىنى بەرپا قىلىپ، نۆۋەتتىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى بولماسلىقتەك «مۇرەككەپ ۋە داۋالاش قىيىن كېسەل»نى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، كەڭ دېھقانلار ئۈچۈن يېڭى كىرىم ئاشۇرۇش نۇقتىسى ياراتماقتا.

# خۇاڭ زومېي: تىنچلىق ئىشلىرى ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجۇ، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر دېڭ لې) ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى يىللاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش، داۋالغۇۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىق، گۈللىنىش پەيتىدە دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈش... تىنچلىق، مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئىشلىرى ئۈچۈن، خۇاڭ زومېي ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە كۈرەش قىلغان.



خۇاڭ زومېينىڭ سۈرىتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

خۇاڭ زومېي، ئانا يۇرتى گۇاڭدۇڭ پەنيۈ بولۇپ، 1916 - يىلى 2 - ئايدا شياڭگاڭدىكى شىنجېي شاڭشۈيدە تۇغۇلغان، 1935 - يىلى 7 - ئايدا شياڭگاڭ خۇاگرېن بىلىم يۇرتىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1936 - يىلى 1 - ئايدا، شياڭگاڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇلكىي خادىملىقىغا ئىمتىھان بېرىپ، ۋەنزەي ھۆكۈمەت رايونى مال ئامبىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. بۇ مەزگىلدە شياڭگاڭ «غەزەپ دولقۇنى» كىتاب ئوقۇش جەمئىيىتىگە قاتناشقان ھەم تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلارغا يېقىنلىشىشقا باشلىغان. كېيىن تەرەققىيپەرۋەر پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن شياڭگاڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، قۇتقۇزۇش ئارقىلىق قويۇپ بېرىلگەن.

پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، خۇاڭ زومېي شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈپ مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى كىتاب ئوقۇش جەمئىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلغان. 1941 - يىلى 6 - ئايدا، خۇاڭ زومېي شياڭگاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، 1942 - يىلى 1 - ئايدا، خۇاڭ زومېي گۇاڭدۇڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتى دۇڭجياڭ زۇڭدۇيىگە قاتناشقان. شياڭگاڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، دۇڭجياڭ زۇڭدۇيى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، شياڭگاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە شياڭگاڭدا قاپسىلىپ قالغان ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار، مەدەنىيەت زاتلىرى ھەم ئىتتىپاقداش دۆلەت خادىملىرىنى قۇتقۇزغان. 1942 - يىلى 3 - ئايدا، دۇڭجياڭ زۇڭدۇيى شياڭگاڭ 9 - چوڭ ئەترىتى خەلقئارا خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرغان، خۇاڭ زومېي گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيە خادىملىرىنى قۇتقۇزۇش، ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن ئۆز ئارا ئاخبارات ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

1943 - يىلى 4 - ئايدا، خۇاڭ زومېي شياڭگاڭ 9 - چوڭ ئەترىتى سىياسىي تەلىم - تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ خەلقئارا بىرلىك سەپ كادىرى بولغان، كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق كومىتېتى رادىيو ئىستانسىسىنىڭ مەسئۇلى، شياڭگاڭ 9 - چوڭ ئەترىتىنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر ھەم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ سىياسىي تەربىيەچىسى، شياڭگاڭ 9 - چوڭ ئەترىتى سىياسىي تەلىم - تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ لىيەندۈي تەشكىلات كادىرى، شياڭگاڭ 9 - چوڭ ئەترىتى ئاساسىي كۈچ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1944 - يىلى قىشتا، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ تەلىپى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، دۇڭجياڭ زۇڭدۇيى ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن ئاخباراتتا ھەمكارلىشىشقا باشلىغان. خۇاڭ زومېي دۇڭجياڭ زۇڭدۇيى ئالاقە ئورنىنىڭ باش تەرجىمانى ۋە ئالاقىچىسى بولغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەلىپى بويىچە، خۇاڭ زومېي شياڭگاڭغا قايتىپ، دۇڭجياڭ زۇڭدۇيىنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا تەييارلىق قىلغان، كېيىن ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1947 - يىلى 2 - ئايدا، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن، خۇاڭ زومېي ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى VI نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن لوندونغا بېرىپ غەلىبە چوڭ نامايىشىغا قاتناشقان ھەم ئوردېنغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى 6 - ئايدا شىنخۇا ئاگېنتلىقى لوندون شۆبە ئاگېنتلىقىنىڭ ئاگېنت باشلىقى بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇاڭ زومېي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنخۇا ئاگېنتلىقى شياڭگاڭ شۆبە ئاگېنتلىقىنىڭ ئاگېنت باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شياڭگاڭ خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شياڭگاڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان.

1955 - يىلى 4 - ئايدا، خۇاڭ زومېي جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە ھىندونېزىيەگە بېرىپ ئاسىيا - ئافرىقا يىغىنىنى زىيارەت قىلغان. 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، خۇاڭ زومېي قاتارلىقلار ئولتۇرغان «كەشمىر مەلىكىسى ناملىق» ئايروپىلان دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، شىمالىي بورنىيو ئىشتاتىنىڭ ساراۋاك ئەتراپىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقاندا پارتلاپ ئوت كېتىپ، دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن. ئايروپىلاندىكى جۇڭگو ۋە ۋيېتنام ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىللە بارغان جۇڭگو، چەت ئەل مۇخبىرلىرى بولۇپ 11 كىشىنىڭ ھەممىسى قازا قىلغان.

بۈگۈنكى كۈندە، بېيجىڭ باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىدا مۇنداق بىر خاتىرە تېشى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تاش ئابىدىنىڭ ئالدى تەرىپىدە جوۋ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان بېغىشلىمىسى بار، ئارقا تەرىپىدە خۇاڭ زومېينى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 ئىنقىلابىي قۇربان ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش ھەم ئابىدە يازمىسى بولۇپ، ئابىدە يازمىسىدا: «تىنچلىق، مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئىشلىرى ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ھايات!» دەپ يېزىلغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)